# رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە تىببىي تەكشۈرتۈش ئۈچۈن روزا تۇتمىسىمۇ بولامدۇ؟

## هل له الفطر في نهار رمضان من أجل الفحص

< ئۇيغۇرچە >

پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد

فضيلة الشيخ محمد صالح المنجد

**تەرجىمە قىلغۇچى:** سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** نىزامىددىن تەمكىنى

**ترجمة:** سيف الدين أبو عبد العزيز

**مراجعة:** نظام الدين تمكيني

# رامىزاننىڭ كۈندۈزىدە تېببى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن روزا تۇتمىسىمۇ بولامدۇ؟

38532 ـ نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

مەن يېقىندا دوختۇرخانىدا تېببى ئاپپاراتلار ئارقىلىق سالامەتلىكىمنى پۈتۈن تەكشۈرتمەكچى، ئۇ ۋاقىتتا روزا تۇتماستىن ئىغىز ئىچىشىم كېرەك بولىدۇ، ئەگەر بۇ ۋاقىتتا تەكشۈرتمىسەم، يەنە بىر تەكشۈرتۈش ئۈچۈن بىر نەچچە ئاي نۆۋەت ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن روزا تۇتماي تەكشۈرتۈش ئىلىپ بارسام توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بىمارنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ﴾ تەرجىمىسى: «كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ (تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن.» [سۈرە بەقەرە 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى].

رامىزاندا روزا تۇتماسلىقى دۇرۇس بولىدىغان بىمارلار: روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن قىيىنچىلىق، مۇشەققەت يېتىدىغان ياكى زىيان يېتىدىغان ياكى كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشى قاتارلىق ئەھۋاللار بولغان بىمارلار رامىزاندا روزا تۇتماستىن ئېغىز ئاچسا دۇرۇس بولىدۇ. بەزى ئالىملار روزا تۇتۇش سەۋەبىدىن كېسەل بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرىگەن كىشىلەرنىمۇ بۇ تۈرگە قېتىۋەتكەن.

سىزنىڭ كېسىلىڭىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كېسەللىكنىڭ قاتارىغا كىرسە، سىزنىڭ روزا تۇتماستىن ئېغىز ئېچىشىڭىز دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى تەكشۈرتۈش كېسەلنى بىلىش ۋە ئۇ ئارقىلىق سالامەتلىككە يېتىدىغان زەرەرنىڭ ئالدىنى ئىلىش، كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشى ياكى ساقىيىشىنىڭ كېچىكىپ كېتىشىنى كونترول قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن.

ئەمما كېسىلىڭىز بىز يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئېغىز ئېچىش دۇرۇس بولىدىغان كېسەللەرنىڭ جۈملىسىدىن بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ روزا تۇتماي، ئىپتار قىلىشىڭىز توغرا بولمايدۇ، مۇمكىن بولسا تەكشۈرتۈشنى كېچىدە قىلدۇرۇڭ ياكى كۈتۈپ تۇرۇپ رامىزاندىن كېيىن قىلدۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىيىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھەر قانداق كېسەلنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكى ئۆچ تۈر بويىچە بولىدۇ:

بىرىنچى ھالەت: روزا تۇتۇشى قىيىن بولمايدىغان ۋە روزىنىڭ زىيىنى يەتمەيدىغان كېسەللىك. بۇنداق ھالەتتىكى كېسەللەرنىڭ روزا تۇتۇشى پەرز بولۇپ، ئۇلارنىڭ روزا تۇتماسلىقىقا ئۆزرىسى يوق.

ئىككىنچى ھالەت: روزا تۇتۇشى قىيىن بولىدىغان، ئەمما تۇتسا زىيىنى بولمايدىغان كېسەللەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسىگە مۇشەققەت قىلىپ ئاللاھ تائالانىڭ رۇخسىتىدىن چەتنەپ روزا تۇتۇۋېلىشى ياخشى كۆرۈلمەيدۇ.

ئۈچىنچى ھالەت: روزا تۇتسا سالامەتلىكىگە زىيان يېتىدىغان بىمارلار، ئۇلار ئۆزىگە كېلىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن روزا تۇتمايدۇ بەلكى ئۇلارنىڭ روزا تۇتۇشى چەكلىنىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَقْتُلُواْ أَنفُسَكُمْ إِنَّ اللَّهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً﴾ تەرجىمىسى: «سىلەر ئۆزۈڭلارنى (يەنى بىر - بىرىڭلارنى) ئۆلتۈرمەڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە ناھايىتى مېھرىباندۇر.» [سۈرە نىسا 29 ـئايەت].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تُلْقُواْ بِأَيْدِيكُمْ إِلَى التَّهْلُكَةِ﴾ تەرجىمىسى: «ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار.» [سۈرە بەقەرە 195ـئايەت].

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزۈش يوقدۇر.» [ئىبنى ماجە ۋە ھاكىم رىۋايىتى].

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىس بىر قانچە يوللار بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، بەزىسى بەزىسىنى كۈچلەندۈرىدۇ. كېسەل، روزا تۇتسا سالامەتلىكىگە يېتىدىغان زىياننى ئۆزى ھېس قىلىدۇ ياكى ئىشەنچىلىك دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن كېيىن بىلەلەيدۇ.

بىمار كېسەل ۋاقتىدا قانچە كۈن روزا تۇتمىغان بولسا، كېسەلدىن ساقايغاندا تۇتالمىغان كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ساقىيىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان بولسا، يەنى كېسەل بولۇپ قالغاندا تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ كۈنلەردىكى روزىنىڭ قازاسىنى تۇتۇش كېسەلنىڭ زىممىسىدىن ساقىت بولىدۇ." ["رامىزان ۋە تەراۋىھ توغرىسىدا نامىلىق ئەسەرنىڭ 3ـبۆلۈمىگە قارالسۇن].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.